دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەر

# گورىيو بوۋاي

بالزاك ( فرانسىيە )



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

بالزاك ( فرانسىيە )

# گورىيو بوۋاي

تەرجىمە قىلغۇچى : ئابلەخەت ئىبراھىم

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

高老头:维吾尔文/(法)巴尔扎克(Balzac,H.)著;阿布都列海提·伊布拉音译. — 乌鲁木齐:新疆人民出版社,2009.8

ISBN 978-7-228-12796-2

Ⅰ.高... Ⅱ.①巴... ②阿... Ⅲ.长篇小说 — 法国 — 近代 — 维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I565.44

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2009)第147903号

| | |
|---|---|
| **责任编辑** | 穆纳尔江·托合塔洪 |
| **责任校对** | 阿达来提·买合苏提 |
| **特约校对** | 玉苏甫·斯马依 |
| **封面设计** | 买买提·诺比提 |
| **出版发行** | 新疆人民出版社 |
| **电　　话** | 0991-2827472 |
| **地　　址** | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| **邮　　编** | 830001 |
| **印　　刷** | 新疆金版印务有限公司 |
| **经　　销** | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| **开　　本** | 880×1230毫米 32开本 |
| **印　　张** | 13 |
| **版　　次** | 2009年8月第1版 |
| **印　　次** | 2009年8月第1次印刷 |
| **印　　数** | 1 — 3000 |
| **定　　价** | 32.50 元 |

بۇ كىتاب خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتىنىڭ 1963 ـ يىلى 3 ـ ئاي بېيجىڭ 1 ـ نەشرى، 1978 ـ يىلى 4 ـ ئاي بېيجىڭ 2 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据人民文学出版社1963年4月北京第1版，1978年4月北京第2次印刷本翻译出版。

# گورىيو بوۋاي

**ئاپتورى:** بالزاك (فرانسىيە)
**تەرجىمە قىلغۇچى:** ئابلەخەت ئىبراھىم
**مەسئۇل مۇھەررىرى:** مۇنارجان توختاخۇن
**مەسئۇل كوررېكتورى:** ئادالەت مەخسۇت
**تەكلىپلىك كوررېكتورى:** يۇسۇپ ئىسمايىل
**مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى:** مەمەت نەۋبەت
**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
**تېلېفون:** 0991-2827472
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
**پوچتا نومۇرى:** 830001
**باسقۇچى:** شىنجاڭ جىنبەن مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
**ساتقۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**فورماتى:** 1230 × 880 مىللىمېتىر 1/32
**باسما تاۋىقى:** 13
**نەشرى:** 2009 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**باسمىسى:** 2009 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
**تىرازى:** 1 — 3000
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978 - 7 - 228 - 12796 - 2
**باھاسى:** 32.50 يۈەن

# قىسقىچە مەزمۇنى

«گورىيو بوۋاي» فرانسىيىنىڭ 19 ـ ئەسىردىكى تەنقىدىي رېئالىستىك يازغۇچىسى بالزاك (1799 ـــ 1850)نىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى، 1834 ـ يىلى نەشر قىلىنغان. بۇ رومان بالزاكنىڭ «ئىنسان كومېدىيىسى» ناملىق بىر يۈرۈش ئەسەرلىرى ئىچىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنىڭ بىرى.

فرانسىيىدە پادىشاھلىق ھاكىمىيىتىنىڭ تىرىلىش دەۋرى ئەمەلىيەتتە بۇرژۇئازىيە ئاقسۆڭەكلەر سىنىپىنىڭ ئورنىغا تەدرىجىي دەسسەپ، دۆلەتنىڭ ھۆكۈمران سىنىپىغا ئايلىنىۋاتقان دەۋر ئىدى. بۇ دەۋردە بۇرژۇئازىيىنىڭ يۇقىرى ئۆرلىشىگە ئەگىشىپ، پۇل كۈندىن ـ كۈنگە ئۆزىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى كۆرسىتىپ، ئاخىردا جەمئىيەت ئۈستىدىن خوجايىنلىق قىلىدىغان كۈچكە ئايلاندى. «گورىيو بوۋاي» رومانىدا 1818 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1820 ـ يىلىنىڭ بېشىغىچە بولغان ۋاقىت دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى قىلىنغان، ۋوكې خېنىمنىڭ مېھمانخانىسى ۋە بوسېئان ۋىكونت ئاغىچا خېنىمنىڭ سالونى سەھنە قىلىنىپ، ئۇگرە سودىگىرى گورىيو بوۋاينىڭ يۇقىرى جەمئىيەتكە كىرگەن ئىككى قىزى تەرىپىدىن تاشلىنىپ قالغانلىقى ۋە ئاخىردا يوقسۇزلۇقتىن ۋوكې مېھمانخانىسىنىڭ بالىخانىسىدا ئۆلگەن پاجىئەسى ئارقىلىق، سۇنغان ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان، يۇقىرىغا ياماشقۇچى يىگىت راستىنياكنىڭ ئىچكى جايدىن پارىژغا نەۋرە ھەدىسى بوسېئان خېنىمنى پاناھ تارتىپ كېلىپ، يۇقىرىغا يامىشىش جەريانىدا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرى ۋە سەرگۈزەشتىلىرى ئارقىلىق پادىشاھلىق تۈزۈمىنىڭ تىرىلىش دەۋرىدىكى فرانسىيە جەمئىيىتىنىڭ ئىخچام كۆرۈنۈشى ئەينەن

此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

سۈرەتلەنگەن. بالزاك بۇ رومانىدا تۇرمۇشنىڭ ئوخشىمىغان ھەرقايسى تەرەپلىرىدىن بەدىئىي ۋاسىتىلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق ئوخشاش بولمىغان تىپتىكى شەخسلەرنىڭ ئوبرازىنى ياراتقان. ئاپتور ئاقسۆڭەكلەر سىنىپىنىڭ مۇقەررەر يوسۇندا ھالاك بولۇش تەقدىرىنى، پۇلنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى ھۆكۈمرانلىق رولىنى چوڭقۇر ۋە ئىنچىكىلىك بىلەن تەسۋىرلەپ، شۇ دەۋرنىڭ قىياپىتىنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرگەن.

# مۇندەرىجە


ۋوكپ مېھمانخانىسى ........................................ 1
ئىككى جايغا زىيارەت ........................................ 79
دەسلەپكى قەدەم ........................................ 134
شەيتاننى ئالدىغان ........................................ 221
ئىككى قىزى ........................................ 318
ئاتىنىڭ ئۆلۈمى ........................................ 374

# ۋوكې مېھمانخانىسى

ئېرىنىڭ فامىلىسى ۋوكې، دادىسىنىڭ فامىلىسى كونفلان دەپ ئاتالغان، ياشىنىپ قالغان بىر ئايال قىرىق يىلدىن بۇيان پارىژدا تاماقخانىسى بار بىر مېھمانخانا ئېچىپ كېلىۋاتاتتى. مېھمانخانا لاتىن رايونى بىلەن شەھەر سىرتىدىكى سېن مارسو ئارىلىقىدىكى سېنت - ژېنېۋېۋ يېڭى كوچىسىغا جايلاشقانىدى. ۋوكېنىڭ ئۆيى دەپ ئاتالغان بۇ مېھمانخانا قېرى - ياش، ئەر - ئاياللارنىڭ ھەممىسىنى قوبۇل قىلىۋېرەتتى، قائىدە - يوسۇن تۈپەيلىدىن سۆز - چۆچەككە قالمىغان بولسىمۇ، ئوتتۇز يىلدىن بۇيان بۇ يەردە قىزلار تۇرۇپ باقمىغانىدى؛ ھالبۇكى ئائىلىسىدىن ئىنتايىن ئاز تۇرمۇش خىراجىتى ئالغانلىقى تۈپەيلىدىن بىر يىگىت بۇ يەردە تۇرۇشقا مەجبۇر بولغانىدى. ئۇنداق دېگەنبىلەن، 1819 - يىلىنىڭ بېشىدا، بۇ پاجىئە باشلىنىۋاتقان چاغدا، مېھمانخانىدا ھەقىقەتەن بىر بىچارە قىز تۇرۇۋاتاتتى. گەرچە «پاجىئە» دېگەن بۇ سۆز ئازاب - ئوقۇبەتنى مەدھىيىلەيدىغان قايغۇ - ھەسرەتلىك ئەدەبىياتتا شۇنچىلىك كەلسە - كەلمەس، شۇنچىلىك بۇرمىلىنىپ ئىشلىتىلگەنلىكتىن، ئۇنىڭغا ئىشىنىدىغان ھېچكىم قالمىغان بولسىمۇ، بۇ يەردە ئىشلەتمەي بولمايدۇ. ھەقىقىي مەنىدىن ئالغاندا، بۇ ھېكايىنىڭ ئالىلىقاندا بىرەر دراماتىك پۇرىقى بار دېيىشكە بولمايدۇ؛ لېكىن، مېنىڭ بۇ كىتابىمنى پايتەختنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى بەزى كىشىلەر ئوقۇغاندىن كېيىن ئېھتىمال كۆزىدىن بىرنەچچە تامچە ياش تۆكەر. پارىژدىن باشقا جايدىكى كىشىلەر بۇ ئەسەرنى چۈشىنەلەمدۇ، يوق، بۇ ھەقىقەتەن بىر گۇمانلىق ئىش. كىتابتىكى نۇرغۇن دەلىللەر ۋە مەزكۇر جاينىڭ مەنزىرىلىرىنى

پەقەت مۇنارتا تۆپىلىكى ۋە مونىروژا ئېگىزلىكىدە تۇرىدىغان كىشىلەرلا بىلەلەيدۇ. بۇ مەشھۇر ئويمانلىقتا جايلاشقان ئۆيلەرنىڭ تاملىرىدىكى ھاكلار توختىماي سويۇلۇپ چۈشۈپ تۇراتتى، ئېرىقلار قارا پاتقاق بىلەن تولغانىدى؛ ھەممە يېقى ھەقىقىي ئازاب - ئوقۇبەت، بىھۇدە شادىمانلىق بىلەن ئورالغان ۋە شۇنچىلىك ئالدىراش ئىدىكى، قانداق بىر زور ۋەقەنىڭ بۇ جايدا تەۋرىنىش قوزغايدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. ھالبۇكى، بەزى پارچە - پۇرات قايغۇ - ئەلەملەرمۇ بولۇپ تۇراتتى، چۈنكى جىنايەت بىلەن ئەخلاق ئارىلىشىپ كەتسە، ئۇ ئۇلۇغ ۋە ھەيۋەتلىك كۆرۈنىدۇ - دە، شەخسىيەتچى كىشىلەرمۇ ئۇنىڭغا زەن قويۇپ قاراپ بىرئاز ھېسداشلىق قىلىدۇ. بىراق، ئۇلارنىڭ تەسىراتى ھاپىلا - شاپىلا يېپىلگەن بىر تال شېرىن مېۋىگە ئوخشاش بىردەمدىلا ئۆتۈپ كېتىدۇ. مەدەنىيەت گويا ھىندىستاندىكى ئىلاھىيەت ھارۋىسىدەك[1] كۆڭلى ئاسان سۇنمايدىغان بىر ئادەمگە دۈچ كەلسە، بىرئاز توسالغۇغا ئۇچراپلا، دەرھال ئۇنى ئېزىپ تاشلاپ، يەنە داغدۇغا بىلەن ئالغا قاراپ مېڭىۋېرىدۇ. سىلەر ئوقۇرمەنلەر ئېھتىمال ھەم شۇنداق بولۇشۇڭلار مۇمكىن: ئاپئاق قوللاردا بۇ كىتابنى تۇتۇپ، يۇمشاق ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇپ، بۇ رومان بەلكى مېنىڭ ئىچ پۇشۇقۇمنى چىقىرار، دەپ ئويلارسىز، بەلكى گورىيو بوۋاينىڭ سىرلىق، ھەسرەتلىك تارىخىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ناھايىتى ئوبدان ئىشتىھا بىلەن كەچكى تامىقىڭىزنى يەرسىز. ئۆزىڭىزنىڭ بىپەرۋالىقىڭىزنى ئاپتورغا ئارتىپ قويۇپ، ئاپتورنى مۇبالىغە قىلىۋەتكەن، ئاشۇرۇپ تەسۋىرلىگەن، دەپ ئەيىبلەرسىز. بىلىش كېرەككى، بۇ پاجىئە ئويلاپ چىقىرىلغانمۇ

① ھىندىستاندا ھەر يىلى ۋىچنو خۇداسىنى خاتىرىلەش كۈنى ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ كۈنى ۋىچنو خۇداسىنىڭ بۇتىنى ھارۋىغا سېلىپ نامايىش قىلىدۇ. ئۇنىڭغا قاتتىق ئېتىقاد قىلىدىغان ئەر - ئاياللار ھارۋىغا ئەگىشىپ، ھەتتا چاقنىڭ ئاستىغا ئۆزىنى تاشلايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار باقى دۇنيادا يۇقىرى تەبىقە (كاستې)نىڭ ئادىمى بولىمىز، دەپ ئويلايدۇ.

ئەمەس، ھېكايىمۇ ئەمەس، بۇنىڭ ھەممىسى چىن ئەھۋال ۋە چىن ۋەقە[1]، بۇنىڭ چىنلىقى شۇنچىلىككى، ھەربىر كىشى ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدى ياكى قەلبىدىن بۇ درامىنىڭ ئىچىدىكى ئامىللارنى تاپالايدۇ.

مېھمانخانىنىڭ ئۆيلىرى ۋوكې خېنىمنىڭ مۈلكى. ئۇ سېنت - ژېنېۋېۋ يېڭى كوچىسىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى يانتۇلۇقتىن ئوقيا كوچىسىغا چۈشىدىغان يەرگە جايلاشقان. بۇ يانتۇلۇق تىك بولغانلىقتىن ئاتلار ئاز قاتنايتتى. شۇڭا، ۋالدې گراس ھەربىي دوختۇرخانىسى بىلەن دانىشمەنلەر ئىبادەتخانىسى ئارىلىقىدىكى بۇ تار كوچىلار ئىنتايىن جىمجىت ئىدى. سارغۇچ رەڭلىك ئىككى چوڭ ئىمارەت ئەتراپىنىڭ تۈسىنى ئۆزگەرتىۋەتكەنىدى؛ تۇتۇق، سۇرلۇك ھاۋادا ھەممە نەرسە خۇنۇك كۆرۈنەتتى، كوچىغا ياتقۇزۇلغان تاشلار قۇرۇپ قاغجىراپ كەتكەن، ئېرىقلاردا نە پاتقاق، نە سۇ يوق، تاملارنى بويلاپ ئوت - چۆپلەر ئۆسۈپ كەتكەن. بۇ يەردىن ئۆتكەن ھەممە ئادەملەرگە ئوخشاش، ئەڭ غەمسىز ئادەملەرمۇ بۇ يەرگە كەلسە ھېچبىر سەۋەبسىزلا كۆڭۈلسىز بولۇپ قالاتتى. بىرەر ھارۋىنىڭ ماڭغان تىۋىشى بۇ يەردە چوڭ ئىشتەك كۆرۈنەتتى؛ گۆردەك تىمتاس ئۆيلەرنىڭ تاملىرى تۈرمىنىڭكىگە ئوخشاپ كېتەتتى. يولدىن ئازغان بىر پارىژلىق[2] بۇ ئەتراپتا مېھمانخانا ياكى شەخسىي مەكتەپلەرنى، ئازاب - ئوقۇبەت ياكى مۇڭ - زارلارنى، بىر پۇتى گۆرگە ساڭگىلىغان قېرىلار ياكى كەيپ - ساپا قىلىشنى ئويلىسىمۇ، ئامالسىزلىقتىن بىھۇدە ئاۋارە بولىدىغان ياشلارنىلا كۆرەلەيتتى. پارىژدا بۇنىڭدىنمۇ پاسكىنا، بۇنىڭدىنمۇ نامسىز

① ئەسلىي نۇسخىسىدا «ئالل ئىس تروۋ» دېگەن ئىنگلىزچە سۆز ئىشلىتىلگەن ۋە بۇ سۆز يانتۇ ھەرپ بىلەن تىزىلغان. شېكىسپېرنىڭ «ھېنرىخ Ⅷ » دېگەن تراگېدىيىسىنىڭ ئەسلىي نامى «ئالل ئىس تروۋ» ئىدى. بالزاك بۇ سۆزدىن پايدىلانغان بولسا كېرەك.

② ھەقىقىي پارىژلىقلار دېگەندە سېنا دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىغا ئولتۇراقلاشقان كىشىلەر نەزەردە تۇتۇلىدۇ. مېھمانخانا دەريانىڭ سول قىرغىقىغا جايلاشقان. «يولدىن ئازغان» دېگەنلىك ئوڭ قىرغاقتىكى كىشىلەر تاسادىپىي سەيلە قىلىپ بارغان دېگەن، مەنىدە.

رايون يوق ئىدى، بولۇپمۇ سېنت - ژېنېۋېۋ يېڭى كوچىسى خۇددى كونا مىس رامكىدەك بۇ ھېكايىمىزگە ناھايىتى باب كېلىدۇ. ئوقۇرمەنلەرنىڭ چۈشىنىشى ئۈچۈن كۆل رەڭ بوياقنى بولۇشىغا ئىشلىتىپ، قايغۇلۇق تەسۋىرلەشنى بولۇشىغا قوللانسام ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمەن، بۇ گويا ساياھەتچى دەسلەپكى مەزگىللەردە خرىستىئانلارنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلغان چاغدا، ئۇنىڭ پەلەمپىيىنىڭ تاش باسقۇچلىرىدىن تۆۋەن چۈشكەنسېرى قاراڭغۇلىشىپ، يول باشلىغۇچىنىڭ ئاۋازى بارغانسېرى مەنىسىز ئاڭلانغىنىغا ئوخشايدۇ. بۇ ئوخشىتىش تازا مۇۋاپىق. ھالبۇكى، سولغان دىل بىلەن قاڭسىغان قۇرۇق سۆڭەكنىڭ زادى قايسىسى قورقۇنچلۇقراق ئىكەنلىكىنى كىم ئېيتىپ بېرەلەيدۇ؟

مېھمانخانىنىڭ يان تەرىپى كوچىغا تۇتاشقان، ئالدى تەرىپىدە كىچىك بىر گۈلزارلىق بار. ئۆيلەر سېنت - ژېنېۋېۋ يېڭى كوچىسى بىلەن بۇلۇڭ ھاسىل قىلىپ تۇرىدۇ. ئۆيلەرنىڭ ئالدى تەرىپى بىلەن باغچە ئارىلىقىدا ئوتتۇرىسى ئويمانراق كەلگەن، كەڭلىكى ئىككى مېتىر چامىسىدا بولغان، تاش ياتقۇزۇلغان يول بار؛ ئۇنىڭ ئالدى تەرىپىدە ئۇنىڭغا پاراللېل بولغان كىچىك شېغىل يول بار، يولنىڭ ئىككى چېتىگە قويۇلغان يوغان كۆك ۋە ئاق تەشتەكلەردە يارانگۈل، تالگۈل ۋە ئانار دەرەخلىرى ئۆستۈرۈلگەن. يولنىڭ كوچىغا تۇتىشىدىغان بېشىدا بىر كىچىك دەرۋازا بار، دەرۋازا ماڭلىيىغا ئېسىلغان ۋىۋىسكىنىڭ ئۈستى تەرىپىگە «ۋوكې مېھمانخانىسى» دەپ يېزىلغان؛ ۋىۋىسكىنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە «مەزكۇر مېھمانخانىمىز تاماقنىمۇ ھۆددىگە ئالىدۇ، ئەر - ئايال مېھمانلارنىڭ ھەممىسىنى قارشى ئالىمىز» دەپ يېزىلغان. كوچىغا قارىغان ۋادەكلىك دەرۋازىغا قۇلاقچا يېقىمسىز ئاڭلىنىدىغان قوڭغۇراق ئورنىتىلغان. كۈندۈزى ۋادەكتىن قارىسىڭىز، يولنىڭ نېرىقى يېقىدىكى تامدىكى كۆك مەرمەردىن ياسالغان بۇت تەكچىسىگە تەقلىد قىلىپ سىزىلغان



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

سۇرەتنى كۆرسىز، ئېھتىمال، بۇنى مۇشۇ رايوندىكى رەسسام سىزغان بولسا كېرەك. بۇت تەكچىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا مۇھەببەت پەرىشتىسىنىڭ رەسمى چۈشۈرۈلگەن؛ ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىدىكى ئالا ـ بۇلا بوياقلارنى بىر قىسىم سىمۋول قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان سەنئەت زوقمەنلىرى مۇھەببەت سەۋدايىلىقىنىڭ بەلگىسى، دەپ قارىشى مۇمكىن، بۇنى يېقىن ئەتراپتىكى كوچىدا داۋالغىلى بولىدۇ①. بۇتنىڭ ئاستىغا خىرە ئويۇلغان خاتىرە سۆزى ھەيكەل ياسالغان يىلنى، ۋولتېرنىڭ 1799 ـ يىلى پارىژغا قايتىپ كەلگەندە زور قارشى ئېلىشقا ئۇچرىغان مەزگىلنى ئەسلىتەتتى، ئۇنىڭدىكى خاتىرە سۆزى مۇنداق:

*مەيلى سەن كىم بولغىن، ئۇستازىڭ ئۇ،*
*ھازىر ۋە بۇرۇنمۇ شۇنداق ھەم كېيىنمۇ.*

قاراڭغۇ چۈشۈش ئالدىدا ۋادەكلىك دەرۋازا تاختايلىق ئىشىك بىلەن تاقىلاتتى. باغچىنىڭ كەڭلىكى دەل ئۆيلەرنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىلەن باراۋەر. باغچىنىڭ بىر يېقىدا كوچىغا تۇتاشقان تام، يەنە بىر يېقىدا قوشنا ھويلىنى ئايرىپ تۇرغان تام بار؛ بۇ ئارىتامنى يېپىلىپ ئۆسۈپ كەتكەن بورىگۈل پۈتۈنلەي قاپلىۋالغانىدى. پارىژ شەھىرىدە ئادەتتىن تاشقىرى خىلۋەت بولغان بۇ جاي كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلاتتى. تامنى بويلاپ مېۋىلىك دەرەخلەر ۋە ئۈزۈم تەكلىرى ئۆسكەن، قېلىن چاڭ ـ توزان قونغان ئۇششاق مېۋىلەردىن ۋوكې خېنىم ھەر يىلى غەم قىلىپ، بۇ ھەقتە مېھمانلار بىلەن پاراڭلىشاتتى. يان تەرەپتىكى ئىككى تامنى بويلاپ تار بىر يول سوزۇلغان، يولنىڭ بېشىدا بىر پارچە كاشتانزارلىق بار ئىدى. ۋوكې خېنىم كونفلاننىڭ قىزى بولغان بىلەن، كاشتان دېگەن سۆزنى خاتا ئېيتاتتى، مېھمانلار

① يېقىن ئەتراپتىكى ياكى شەھەر دەرۋازىسى سىرتىدىكى كاپۇسان دوختۇرخانىسى نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

گرامماتىكا قائىدىسىنى ئىپتىپ ئۇنىڭ خاتالىقىنى كۆرسىتىپ بەرسىمۇ تۈزىتەلمەيتتى. ئىككى يول ئارىلىقىدىكى چوڭ بىر پارچە چاسا يەرگە چاۋشىيەن چوڭ خوخا تىككىنى تېرىلغان، يولنىڭ ئىككى يېقىدا كونۇس شەكىلدە قىرقىلغان مېۋىلىك دەرەخلەر بار، ئۇنىڭ ئەتراپىنى كەرەپشە قاتارلىق كۆكتاتلار ئوراپ تۇراتتى. كاشتان دەرىخىنىڭ ئاستىغا يېشىل سىرلانغان بىر يۇمىلاق ئۇستەل، ئۇستەلنىڭ ئەتراپىغا بىرقانچە ئورۇندۇق قويۇلغان. تۇخۇم پىشقۇدەك ئىسسىق تومۇز كۈنلىرى قەھۋە ئىچىشكە پۇلى بار مېھمانلار بۇ يەرگە كېلىپ قەھۋە ئىچىپ ئولتۇراتتى.

تۆت قەۋەتنىڭ ئۇستىدە يەنە بالىخانىسى بولغان بۇ بىنانىڭ ئۆيلىرى شېغىل تاش ئىشلىتىلىپ ياسالغان، پارىژدىكى ھەممە ئۆيلەرنى دېگۈدەك كۆرۈمسىز قىلىپ كۆرسىتىدىغان سېرىق رەڭ قوشۇپ ئاقلانغانىدى. ھەربىر قەۋەتتە بەش دېرىزە بار ئىدى. دېرىزىنىڭ ئىنچىكە ياغاچلىق سايىۋەنلىرى كۆتۈرۈلگەندە ئېگىز – پەس بولۇپ، تەكشى كۆرۈنمەيتتى. ئۆيلەرنىڭ يان تەرىپىدە ئىككىدىن دېرىزە بار، ئاستىنقى قەۋەتتىكى ئىككى دېرىزىگە تۆمۈر ۋادەك ۋە سىم توسۇق ئورنىتىلغان، ئۆيلەرنىڭ ئارقا تەرىپىدە يىگىرمە مېتىر كەڭلىكتىكى ھويلا بار؛ ئۇنىڭدا چوشقىلار، ئۆردەكلەر، توشقانلار بىر – بىرى بىلەن تالاشماي – تارتىشماي ئارىلىشىپ يۈرەتتى؛ ھويلىنىڭ تۆۋىنىدە ئوتۇن قويىدىغان بىر لاپاس، لاپاس بىلەن ئاشخانىنىڭ ئارقا دېرىزىسى ئارىلىقىدا لەمپە بار، لەمپە تېگىدىن قاچا – قومۇچ يۇيىدىغان كۆلچەكتىن ئېقىپ چىققان يۇندىلار ئېقىپ تۇراتتى. ھويلىنىڭ سىنت – ژېنېۋېۋ يېڭى كوچىسىغا قارىغان كىچىك بىر ئىشىكى بار. ئاشپەز خوتۇن ۋابادىن ساقلىنىش ئۈچۈن ھويلىنى يۇيۇشقا مەجبۇر بولغاندا، ئەخلەتلەرنى مۇشۇ ئىشىكتىن كوچىغا سۈپۈرۈپ چىقىرىۋېتەتتى.

ئۆيلەر ئەسلىدە مېھمانخانا قىلىش ئۈچۈن تەييارلانغانىدى،

ئاستىنقى قەۋەتتىكى بىرىنچى ھۇجرىنىڭ كوچىغا قارىغان ئىككى دېرىزىسىدىن يورۇق چۈشۈپ تۇراتتى، دېرىزىلىك ئىشىك بىلەن ھويلىغا چىققىلى بولاتتى. مېھمانخانا زالىنىڭ يان تەرىپى تاماقخانىغا تۇتىشاتتى. تاماقخانا بىلەن ئاتخانا ئوتتۇرىسىدا باسقۇچلىرى ياغاچ ۋە رەڭلىك خىشلار بىلەن ياسالغان پەلەمپەي بار. قارىسىڭىز، مېھمانخانا ھۇجرىلىرىنىڭ كۆرۈنۈشى ناھايىتى سۆرۈن ئىدى: گاھ تۇتۇق، گاھ پارقىراپ كۆرۈنىدىغان، يول - يول پۇرلاش رەخت بىلەن قاپلانغان بىرنەچچە دىۋان ۋە ئورۇندۇقلار قويۇلغان، ھۇجرىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا يۇملاق ئالا مەرمەر ئۈستەل قويۇلغان، ئۈستەلگە يالىتىلغان زەرلىرىنىڭ تەڭدىن تولىسى ئۆچۈپ كەتكەن، ھازىر ھەممىلا جايدا ئۇچراتقىلى بولىدىغان بىر يۈرۈش ئاق مەي كاسىلىرى تىزىلغانىدى. ھۇجرىنىڭ پولى ناھايىتى ناچار ئىدى، تامغا ئادەم بېلى ئېگىزلىكىدە تامنى ئاسرىغۇچى تاختاي قېقىلغان، يۇقىرى تەرىپىگە يالتىراق رەڭلىك قەغەزلەر چاپلىنىپ، «تېلېماك»[1] نىڭ ئاساسىي كۆرۈنۈشلىرى، ئۇنىڭدىكى مەشھۇر شەخسلەرنىڭ بوياقلىق رەسىملىرى سىزىلغان. سىم تور تۇتۇلغان ئىككى دېرىزە ئارىلىقىدىكى تامغا كالىپسونىڭ ئودىسسېينىڭ ئوغلى شەرىپىگە بەرگەن كاتتا زىياپىتىنىڭ[2] رەسىمى سىزىلغان. بۇ رەسىم قىرىق يىلدىن بۇيان دائىم ياش مېھمانلارنىڭ كۈلكە - چاقچاق قىلىشىغا سەۋەبچى بولۇپ كېلىۋاتاتتى، ئۇلار يوقسۇزلۇقتىن ئىلاجسىز يەۋاتقان ناچار تاماقلىرىنى مەسخىرە قىلىش بىلەن، ئۆزلىرىنىڭ سالاھىيىتى ھازىرقى ئەھۋالدىن يۇقىرى تۇرىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيتتى. تاشتىن قوپۇرۇلغان تام مەشنىڭ ئۈستىدىكى ئەينەك ياپقۇچ ئاستىدىكى ئىككى لوڭقىدا كونا قەغەز گۇللەر تۇراتتى. ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا كۆرۈمسىز كۆكۈچ مەرمەر ئاسما سائەت ئېسىلغانىدى. مەش ئىچىنىڭ

① «تېلېماك» 17 ـ ئەسىردىكى فانىلونىنىڭ مەشھۇر ئەسىرى.
② «تېلېماك»تىكى ۋەقەلىك.

ناھايىتى پاكىزلىقىدىن زور ئىشلار بولمىسا مەشكە ئوت يېقىلمايدىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

بۇ ئۆيدە تەسۋىرلىگۈسىز بىر خىل پۇراق بار ئىدى، بۇنى مېھمانخانا پۇرىقى دېيىشكە بولىدۇ. بۇنداق دىمىق، سېسىق، قاڭسىق، ئادەمنى سەسكەندۈرىدىغان پۇراق دىماغقا ئۇرۇلۇپ، كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشتۇرۇپ، كېيىملەرگىچە سىڭىپ كېتەتتى؛ بۇ بايلا تاماق يېيىلگەن تاماقخانىنىڭ پۇرىقى، مەي - شاراب، زاكۇسكا - تائام ۋە قاچا - قۇچىلارنىڭ پۇرىقى، دارىلئاجىزىنىنىڭ پۇرىقى ئىدى. ئەگەر قېرى - ياش مېھمانلارنىڭ ھەممىسىدە بولىدىغان پۇراق بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس پۇرىقىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئاينىتىدىغان بۇ پۇراقنىڭ تەركىبىنى تەھلىل قىلغىلى بولسا، بەلكى ئاندىن ئۇنى تەسۋىرلەش مۇمكىن بولار ئىدى. ئۇنداق دېگەنبىلەن، ھۇجرا گەرچە كۆڭلىڭىزنى ئاينىتىدىغان بولسىمۇ، ئارىتام بولغان تاماقخانا بىلەن سېلىشتۇرسىڭىز، ئۇنى خېنىملارنىڭ تۆر ئۆيىدەك كۆركەم، خۇشبۇي ھېس قىلىسىز.

تاماقخانىغا پۇتۇنلەي تام ئاسىرىغۇچى تاختاي ئورنىتىلغان، ئۇنىڭ سىرلىرىنىڭ رەڭگىنى پەرق ئەتكىلى بولماي قالغانىدى. پەقەت ئۇ يەر، بۇ يېرىدە غەلىتە - غەلىتە ماي داغلىرى كۆرۈنەتتى. قولغا چاپلاشقۇدەك بولۇپ كەتكەن بىرقانچە جاۋەنگە پارقىرىمايدىغان، دەز كەتكەن ئەينەك قاچىلار، گۈل ئويۇلغان مېتال خونچىلار، تۇرنىنىڭ① كۆك گىرۋەكلىك چىنە - تەخسىلىرى تىزىلغان. بۇلۇڭدا نومۇر قويۇلغان نۇرغۇن كاتەكچىلەرگە بۆلۈنگەن بىر جاۋەن بار، ئۇنىڭدا ياتىدىغان مېھمانلارنىڭ كىرلەشكەن ۋە مەي - شاراب داغلىرى بىلەن بۇلغانغان لۆڭگىلىرى تۇرىدۇ. مەدەنىيەتنىڭ قالدۇقلىرى ساقايماس كېسەللەر تۇرىدىغان دارىلئاجىزىندە ساقلىنىپ

① تۇرنى — بېلگىيىنىڭ بىر شەھرى.

قالغىنىغا ئوخشاش، بۇ يەردە قويغىلى ئورۇن چىقمىغان، كۆيدۈرۈۋەتكىلى بولمايدىغان ئۆي جاھازلىرى تولا ئىدى. سىز بۇ يەردە يامغۇر ياغقاندا بىر مىسسىئونېر كۆرۈنىدىغان بارومېتىرنى كۆرىسىز، يەنە ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشتۇرىدىغان، قارا سىرلانغان رامكىغا ئېلىنغان ئويما رەسىم؛ مىس گىرۋەكلىك، سەدەپ قاپلىق بىر ئۈستەل سائىتى؛ ياپپېشىل رەڭلىك بىر مەش؛ چاڭ - توزان قونۇپ مەينەتلىشىپ كەتكەن بىرقانچە ئاسما پەنەر؛ ئۈستىگە چاپلاشقان كىرنىڭ قېلىنلىقىدىن دوختۇرخانىنىڭ شوخ پراكتىكانتى تىرنىقى بىلەن ئىسىملارنى سىزىپ يازغۇچىلىق دەرىجىگە بېرىپ يەتكەن كىلىيونكا سېلىنغان بىر ئۇزۇن ئۈستەل؛ يۆلەنچۈكى ئاجراپ، پۇتلىرى سۇنغان بىرقانچە ئورۇندۇق؛ تىتىلىپ ھالى قالمىغان بولسىمۇ، ئاجراپ - چېچىلىپ كەتمىگەن بىرقانچە پارچە چىغ پالاسنى، يەنە شالاسى دەز كېتىپ، ئىلغۇچى سۇنۇپ، كۆمۈردەك قارىداپ كەتكەن سۇنۇق چوغدانىنى كۆرىسىز. سۇنغان، كونىراپ چىرىگەن، لىڭشىپ قالغان، قۇرت يېگەن، يېرىم ياتا، كېرەكتىن چىققان، ئارانلا تۇرغان بۇ جاھازلارنى ئەگەر مۇپەسسەل تەسۋىرلەيدىغان بولساق، گەپ ئۇزىراپ كېتىپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇ كىتابقا قىزىقىشىغا دەخلى قىلغان بولىمىز، بۇنى ئالدىراڭغۇ كىشىلەر كەچۈرمەس. يەرگە ياتقۇزۇلغان قىزىل خىشلار يۇيۇلغانلىقتىن ئويمان - چوڭقۇر بولۇپ قالغانىدى. قىسقىسى، بۇ يەر شېئىرىيەتتىن قىلچە ئەسەر بولمىغان نامرات جاي ئىدى، نامرات بولغاندىمۇ، بىر تىيىننىڭ ئۈستىدە تىك تۇرىدىغان، ئىللەتلەر بىلەن تولغان، تېخى پاتقاقتا پېتىپ كەتمىگەن بولسىمۇ، بىراق بۇلغانغان، گەرچە ئەبجەقى چىقىپ ئۆتمىتۆشۈك بولۇپ كەتمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ۋەيران بولۇپ، چىرىپ ئەخلەتكە ئايلىنىشقا ئاز قالغان نامرات جاي ئىدى.

بۇ ئۆيگە ئەتىگەن سائەت يەتتىلەردە يورۇق ئەڭ كۆپ چۈشەتتى. ۋوكې خېنىمنىڭ مۈشۈكى ئىگىسىدىن ئىلگىرى پەيدا

بولۇپ، جاۋەنگە سەكرەپ چىقاتتى ـ دە، ئاغزى تەخسە بىلەن يېپىلغان كوزىلاردىكى سۈتلەرنى پۇراپ شالاپ ـ شۇلۇپ قىلىپ ناشتا قىلاتتى. ئاردىن كۆپ ئۆتمەي، چىلتەرلىك شىلەپىسى تېگىدىن يالغان بۇدۇر چاچلىرى چىقىپ تۇرغان تۇل خوتۇن ماكچايغان توپلىيىنى ئېرىنچەكلىك بىلەن سۆرەپ چىقىپ كېلەتتى. ئۇنىڭ سولغۇن ۋە سېمىز يۈزىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى شاتۇتنىڭ تۇمشۇقىدەك دىڭگىيىپ تۇرغان بۇرنى، دىقماق كىچىك قوللىرى، چېركاۋدىكى تۇلۇم چاشقانىدەك① سېمىز بەدەنلىرى، تولۇق، يوغان ۋە لىغىلداپ تۇرغان كۆكسى، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى قوشۇلۇپ، ئىنتايىن نامرات ۋە تەۋەككۇلچى يوشۇرۇنۇپ ياتقان بۇ مېھمانخانىغا ماس كېلەتتى. ئۇنىڭ ئۆيدىكى بۇرۇقتۇرما سېسىقچىلىقتىن قىلچە كۆڭلى ئاينىمايتتى. ئۇنىڭ رەڭگىرويى كۈزنىڭ تۇنجى قىروسىدەك ساپ كۆرۈنەتتى، كۆزلىرىنىڭ چۆرىسىنى قورۇق قاپلىغانىدى، ئۇ ئۇسسۇلچى قىزلاردەك كۈلكە يېغىپ تۇرغان چىرايىنى بىر پەستىلا قەرز ئىگىسىنىڭ قاپىقى سېلىنغان، تەرى تۈرۈلگەن قىياپىتىگە ئۆزگەرتەلەيتتى. قىسقىسى، مېھمانخانا ئۇنىڭ پەزىلىتىنى كۆرسىتىپ تۇرغاندەك، ئۇنىڭ پەزىلىتى مېھمانخانىنىڭ مەزمۇنىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى، تۈرمىنىڭ تۈرمە باشلىقى ۋە گۇندىپايلىرى بولىدۇ. سىزنىڭ تەسەۋۋۇرىڭىزدا ھەرگىز ئۇلارنىڭ بىرى بولۇپ، بىرى بولمىسا بولمايدۇ. يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر دوختۇرخانا مۇھىتىنىڭ مەھسۇلى بولغىنىغا ئوخشاش، بۇ ئايالنىڭ قانسىز، خام سېمىز چىرايى ئەنە شۇنداق تۇرمۇشنىڭ مەھسۇلى ئىدى. كونا كۆڭلەكلەردىن قۇراشتۇرۇپ تىكىلگەن، يىرتىقلىرىدىن پاختىسى كۆرۈنۈپ تۇرغان سىرتقى كىيىمىنىڭ تېگىدىن يۇڭدىن توقۇلغان يوپكىسى چىقىپ

① «چېركاۋدىكى تۇلۇم چاشقان» دېگەن سۆز ئەسلىدە بىر تەمسىل بولۇپ، ئېتىقادى ئىنتايىن كۈچلۈك ئادەمنى كۆرسىتىدۇ؛ بالزاكنىڭ بۇ كىتابىدا ئادەملەرنى ھايۋانلارغا ئوخشىتىش ناھايىتى كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولغاچقا، سۆز مەنىسى بويىچىلا تەرجىمە قىلىندى.



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com